# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھىندونېزىيە زۇڭتۇڭى جوكو، قاتار ئەمىرى تامىم بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو بىلەن ھىندونېزىيە ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت، قول تۇتۇشۇپ چوڭ دۆلەتلىك مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، تېخىمۇ كۆپ رولىنى نامايان قىلىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ھىندونېزىيە بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق ئەنئەنىسىنى داۋاملىق ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جاكارتا ـ ۋەنلۇڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولى قاتارلىق «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى نۇقتىلىق تۈرلەرنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ بەخت ـ سائادەت يارىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى چوڭ ئىشى. بىز تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ قاتتىق، ئەڭ تەلتۆكۈس ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردۇق. جۇڭخۇا مىللىتى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن، تىز پۈكمەس مىللەت بولۇپ، قىيىنچىلىق ۋە خىرىس قانچە زور بولغانسېرى، ئۈيۈشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى شۇنچە كۈچىيىدۇ. بىزنىڭ ھەم يۇقۇم ئۈستىدىن تەلتۆكۈس غەلىبە قىلىشقا، ھەم بېكىتلىگەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ئىقتىدارىمىز بار، ئىشەنچىمىز بار ھەم كۆزىمىز يېتىدۇ. ئىشىنىمەنكى جۇڭگو بۇ قېتىمقى يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ گۈللىنىپ روناق تاپىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم دۆلىتىمىز خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولىمىز، ھەم يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرىدا مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىمىز. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق ئاشكارا، ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن ھىندونېزىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، رايون ۋە يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ. بىز داۋاملىق ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ پۇقرالىرىغا مۇئامىلە قىلغاندەك، ھىندونېزىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى خادىملىرىغا ياخشى كۆڭۈل بۆلىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: چىن مېھىر ـ مۇھەببەت ئېغىر كۈنلەردە بىلىنىدۇ. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ھىندونېزىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىزنى ھەرقايسى جەھەتتىن قىممەتلىك قوللاپ قوشنىلار ئارىسىدىكى جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشنى نامايان قىلدى. بىز رايون دۆلەتلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن بىللە، ئىككى تەرەپ ئالاقە ـ ھەمكارلىقىنى تىرىشىپ قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بۇ ئىككى تەرەپ ۋە بۇ رايوندىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن.

جوكو ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۇچرىغانلىقىدىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جوكو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ھازىر جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى قىيىن پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ھىندونېزىيە جۇڭگونىڭ سەممىي ھەمراھى بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگو خەلقى بىلەن بىر سەپتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو خەلقى بىلەن ئورتاق تىرىشىپ تېزدىن يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ھىندونېزىيە جۇڭگو تەرەپنى بىر تۈركۈم تېببىي مۇداپىئە بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلىدى، ئەگەر جۇڭگو تەرەپ ئېھتىياجلىق بولسا، ھىندونېزىيە جۇڭگو تەرەپنى داۋاملىق زۆرۈر ياردەم بىلەن تەمىنلەشكە تەييار. ھىندونېزىيە جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ سىنىقى ئارقىلىق ھىندونېزىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇقىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى.** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچتە تەكلىپ بويىچە قاتار ئەمىرى تامىم بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، قاتار تەرەپ جۇڭگو تەرەپنى قوللايدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم بىلدۈردى ھەم قاتار ئاۋىياتسىيە تورى ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇشىغا ياردەم بەردى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە ئالقىشلايدۇ. باشقا كۈن چۈشكەندە سىنالغان چىن مېھىر ـ مۇھەببەت جۇڭگو خەلقىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ قاتار مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، قاتار تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتى ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور ئىشلىرىغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە داۋاملىق ئۆزئارا قوللاپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ئەڭ تەلتۆكۈس، ئەڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، بىر مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. ھازىر، بىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىمىزدە پائال نەتىجە ـ ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىدىغان تۈزۈم ئەۋزەللىكىگە، قۇدرەتلىك ماددىي ۋە تېخنىكا ئاساسىغا، شۇنداقلا مول ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىگە تايىنىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنچى بار، ئىقتىدارى بار ھەم كۆزى يېتىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا مەسئۇل بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە دۇنيا ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىگە ئاكتىپ تۆھپە قوشىدۇ. جۇڭگو كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، خەلقئارادا زور كۆلەمدە تارقىلىش، يامراش كۆرۈلمىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ سەپەر قىلىش ۋە سەھىيە توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرىنى ۋاقتىدا چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو تەرەپ قاتار تەرەپ بىلەن بولغان زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئەڭ يېڭى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ، جۇڭگودىكى قاتار پۇقرالىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى ھەققىي، ياخشى قوغداشنى خالايدۇ.

تامىم قاتار ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ جاسارەت بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغانلارغا تەزىيە بىلدۈردى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ھال سورىدى، ئاغرىقلارنىڭ تېزدىن ساقىيىشىنى تىلىدى. تامىم مۇنۇلارنى بىلدۈردى: قاتار تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ قوللانغان كۈچلۈك تەدبىرلىرىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، مەن تامامەن ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنى تېزدىن يېڭىشكە ئىقتىدارى بار، كۆزى يېتىدۇ، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدۇ، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنى تىلەيمەن. جۇڭگو خەلقى قاتار خەلقىنىڭ ياخشى دوستى، قاتار تەرەپ باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي تۈردە جۇڭگو خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. قاتار تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىدۇ، مەن قاتار سەھىيە ئاپپاراتلىرىغا جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىمەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ ھەرقانداق ئېھتىياجى بولسا، قاتار تەرەپ جۇڭگو تەرەپكە داۋاملىق ياردەم بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ. قاتار تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، قاتار ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈنۈملۈك ھالدا يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك؛ بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش كۈچىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە چۆكۈرۈپ، مەھەللە، يېزا ـ كەنتلەردە دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى نازارەت قىلىش، كونترول قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، تولۇق قاپلاش، بوشلۇق قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ شىنجاڭغا قايتىپ كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ تەدرىجىي كۆپىيىشى، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ زورىيىش ۋەزىيىتىگە قارىتا، ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئىلمىي تۈزۈش كېرەك.

ئىككىنچى، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا تېخىمۇ ئىلمىي بولۇش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەۋزەل داۋالاش كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، بىر ئادەمگە بىر لايىھە تۈزۈپ، ئېغىر، خەتەرلىك كېسەللىك مىساللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، ھەققىي تۈردە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. گۇمانىي ئاغرىقلار، قويۇق ئۇچراشقان كىشىلەر ۋە قىزىپ قالغان كىشىلەرنى تولۇق تەكشۈرۈپ ئايرىش، قالدۇرۇپ كۆزىتىش، تەكشۈرۈپ دەلىللەشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۈچىنچى، كاپالەت تېخىمۇ تولۇق بولۇشى كېرەك. داۋالاش ماددىي ئەشيالىرىنى يۆتكەشكە تەشكىللەش سالمىقىنى زورايتىپ، داۋالاش بىرىنچى سېپىدىكى ۋە نۇقتىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئورۇنلىرىدىكى ماددىي ئەشيا كاپالىتىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يۆتكەش، ساقلاش ۋە بازارنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ سۇ، توك، كۆمۈر، گاز، ماي، ئىسسىقلىق، قاتناش قاتارلىق مۇھىم ئامىللارنىڭ كاپالەت سالمىقىنى زورايتىپ، تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، غەمخورلۇق تېخىمۇ ئىنچىكە بولۇشى كېرەك. چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن كەڭ تېببىي خادىملارغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تۇرمۇش، بىخەتەرلىك، ئادىمىيەت غەمخورلۇقى قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى كاپالەتنى ھەرتەرەپلىمە ياخشى ئىشلەپ، مۇنەۋۋەر تىپلار ۋە ئىلغار ئىش ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە كۈرەش قىلالايدىغان روھنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئۇرۇش مەيداندىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى، تەشكىللەش تېخىمۇ كۈچلۈك بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇپ، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى كەڭ دائىرىدە سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ خەلق مۇداپىئە لىنىيەسىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.

ئالتىنچى، ئىستىلدا تېخىمۇ ئەمەلىيەتچىل بولۇش كېرەك. سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، زېھنىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى يىغىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي توسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەپ، مۇكاپاتلاپ، دادىل ئىشلىتىپ، ئىستىلى تۇراقسىز، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەن، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، تەشۋىقات تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇشى كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، بىرىنچى سەپتىكى تىپلارنى ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى تەشۋىق قىلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك؛ نوپۇزلۇق ئۇچۇرلارنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئىشلار ۋە ئاممىۋى پىكىر دىققەت نۇقتىسىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؛ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى ۋە ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە يېتەكلەپ، ئاممىنىڭ ئۆزى مۇداپىئە كۆرۈش ئېڭى ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

سەككىزىنچى، خىزمەتنى تېخىمۇ بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇش، بىر قولدا مۇقىملىق، تەرەققىياتنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق، مۇقىم بولۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداش كېرەك؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىش ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەققىي تۈردە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، بۇ يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنداش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

## جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ھازىرقى قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىمىز

بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەممىسى خۇبېي ۋە ۋۇخەن خەلقى بىلەن بىر سەپتە تۇردى.

شىنجاڭنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانىنىڭ نەپەس ۋە نەپەس ئېغىر كېسەللەر مەركىزىنىڭ دوختۇرى سۇن فېڭ ھازىر ۋۇخەن داشۆسى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ شەرقىي دوختۇرخانىسىدا قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ يەردە بىز شۇ جايدىكى داۋالاش ئەترىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋاتىمىز، كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمىز.

«بىر قانچە كۈن ئىلگىرى، غەربىي شىمال نېفىتلىكى خۇبېي ئۆلكىلىك خەير ـ ساخاۋەت باش جەمئىيىتى ئارقىلىق ۋۇخەن شەھەرلىك جىنيىنتەن دوختۇرخانىسىغا 1 مىليون يۈەن ئىئانە قىلدى.» جۇڭگو نېفىت ـ خىمىيە گۇرۇھى غەربىي شىمال نېفىت ئىدارىسى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى، پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لىيۇ باۋزېڭ مۇنداق بىلدۈردى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، مەركەز كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خۇبېي ۋە ۋۇخەن خەلقى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلىپ، ئۇلارغا قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە تېخىمۇ كۆپ ياردەم بېرىمىز».

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول تارماقلىرى ساھە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋۇخەنگە پىياز، ماسكا، باكتېرىيەگە قارشى قول يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، دورا قاتارلىق تۇرمۇش ۋە داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى جىددىي توشۇدى. جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇش ۋە داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ توشۇيمىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ھازىرقى قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە چوقۇم غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىنچىكە تۇتۇشى، پۇختا تۇتۇشى كېرەك.

غۇلجا شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى كاملجان يۈسۈپجان مۇنداق دېدى: «بىز تەشۋىقات سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، ئاممىنى يۇقۇمغا توغرا، ئىدراكىي قاراپ، ئۆزى مۇداپىئەلىنىش ئېڭى ۋە مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە ماددىي ئەشيا زاپىسى بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈپ، مۇلازىمەت كاپالىتى تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز».

«بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئىنچىكە تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئاما ئالدىنى ئالدىغان، ئاما تىزگىنلەيدىغان پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى كاپالەتلەندۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاممىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى دەل ۋاقتىدا ھەل قىلىمىز» دېدى مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەسى جاۋبىسەن يېزىسى پېڭدىڭشەن كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جېڭ ۋېنجيې.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئەسقەر ئەخمەت مۇنداق بىلدۈردى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئېلېكتر تورىنىڭ يۈرۈشۈش شەكلىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئېلېكتر تورىنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە جان تومۇرىنى ياخشى قوغدايمىز».

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنمېي، يۈەن لېي، ياڭ شۈخەن، چاۋ جىن، يۈ مېڭرەن، جاڭ جىلى، ما يىنىڭ، لۇ فېڭباۋ، جەزىرە نېسىپبېك، شى شىن، چېن چياڭۋېي، مېھرىگۈل غوپۇر، لىيۇ دۇڭلەي، ئىختىيارىي مۇخبىرلار داۋ شۈنرۇڭ، جاڭ كەيتو يازغان)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

لېيشېنشەن دوختۇرخانىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى؛ نىشانلىق ياردەم بېرىش مېخانىزمى ئورنىتىلىپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەر خۇبېينىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلىرىنىڭ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بەردى؛ ئارمىيە داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى ۋە خادىملارنى ئۈنۈملۈك يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىپ، نۇرغۇن تېببىي خادىمنى ئاجرىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ئەڭ ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتتى. كۈچلەر خۇبېيغا، ۋۇخەنگە توپلاندى، بايلىق خۇبېيغا، ۋۇخەنگە مايىللاشتۇرۇلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى خۇبېي خەلقى، ۋۇخەن خەلقى بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملىدى.

خۇبېي ۋە ۋۇخەندىكى يۇقۇم تىزگىنلەنسە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىملىشىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق قوبۇل قىلىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەت باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان جايدىكى بۇ مەيدان توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر چوقۇم چىڭ تۇرۇپ، ئالاھىدە جاپاغا چىدايدىغان، ئالاھىدە كۈرەش قىلالايدىغان روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇرۇش سېپىدىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ، مۇنەۋۋەر تىپلار ۋە ئىلغار ئىش ئىزلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تۇرمۇش، بىخەتەرلىك، ئادىمىيەت غەمخورلۇقىنى دەل جايىدا كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك.

«ۋۇخەن غەيرەت قىل!» «خۇبېي، بىز كەلدۇق!» «بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇپ، بىرلىكتە مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئالايلى!» بىز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش كۆچىگە گۇۋاھ بولدۇق، مىليونلىغان خەلقنىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن قورقمايدىغان جاسارىتىگە گۇۋاھ بولدۇق. ۋۇخەن قەھرىمان شەھەر، خۇبېي خەلقى، ۋۇخەن خەلقى قەھرىمان خەلق، ئۇلار تارىختىن بۇيان قىيىنچىلىق ۋە جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەپ باقمىغان. بىز پەقەت بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى بىرلىكتە يەڭسەكلا، ۋۇخەندە چوقۇم ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلالايمىز، خۇبېيدا چوقۇم ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلالايمىز، پۈتۈن مەملىكەتتە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلالايمىز، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر، يۇقۇم ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىمىز. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي ئىرادە ۋە خىزمەتتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى كۆزنەك مەزگىلنى چىڭ تۇتۇپ، مەھەللە، كەنت ـ گۇرۇپپا، تۇەن ـ مەيدان، لېيەندۈي، ئورگان، كارخانا، مەكتەپ قاتارلىق نۇقتىلىق رايون ۋە ئاجىز ھالقىلارنى چىڭ كۆزلەپ، دىققەتنى مەسىلە كەمتۈكلۈككە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، تولۇق تەكشۈرۈشنى قەتئىي، كەسكىن قانات يايدۇرۇپ، ئايرىۋېتىش تەدبىرلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ھالدا يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ يامراپ كېتىشى، كېڭىيىپ كېتىشىنى قەتئىي توسۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ، كارخانا بىلەن يەرلىكنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» تەلىپىنى زىچ چۆرىدەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى زىچ مۇداپىئە لىنىيەسىنى ھەققىي مۇستەھكەملىشى كېرەك. ئادەم ۋە ئاپتوموبىللارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشنى باشقۇرۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «سىرتقا چىقماسلىق، سىرتقا ئاز چىقىش» تەشۋىقات سەپەرۋەرلىكىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشىكنى ھەققىي ساقلاش كېرەك. ئەستايىدىل رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تولۇق تەكشۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپى بويىچە، ئايرىۋېتىش تەدبىرلىرىنى ئىلمىي تۈرگە ئايرىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىۋېتىش، بالدۇر داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئادەمنى ھەققىي ياخشى باشقۇرۇش كېرەك. مۇلازىمەت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئادىمىيلىك غەمخورلۇقى، مەھەللە ئىللىقلىقىنى نامايان قىلىپ، قاتتىق باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك مۇلازىمەت كاپالەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاسان يۇقۇملىنىدىغانلارنىڭ مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلەپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ياخشى قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: مۇھىم نۇقتىنى تۆۋەنگە قارىتىپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتى، ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتى ۋە ئورۇنلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، چىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى مۇستەھكەملەش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار «ھەرىكەتكە كېلىپ» مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى «تىنچلىنىپ» يۆتكىلىشنى ئازايتىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەش، ئاممىۋى تۈزەش مۇداپىئە لىنىيەسىنى بەرپا قىلىش كېرەك. نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەجبۇرلاپ، ئىستىلى پۇختا بولمىغان، خىزمەتكە كۈچىمىگەن، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قانۇن، ئىنتىزام، بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈپ، پولاتتەك ئىنتىزام ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىش ئارقىلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋۇخەندىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆڭلى ئېلىشىش، قورسىقى كۆپۈش، قىزىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلگەنلىكتىن، تۇرپان شەھىرى ئىددىقۇت رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىغا بېرىپ كېسەل كۆرسەتكەن، 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان، 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللەر دوختۇرخانىسىغا يۆتكىلىپ ئايرىپ داۋالانغان.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، يۇقىرىقى كېسەللىك مىساللىرى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى كۆڭۈل قويۇپ داۋالاش لايىھەسى تۈزۈپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى تەڭ قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈنۈمىرسال داۋالاپ، ئاغرىقنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇچ ئاغرىق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئايرىۋېتىش كېسەلخانىسىدىكى تېببىي خادىملار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلانغان، نەپەس يولى كېسەللىك ئالامەتلىرى ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈشتە كېسەللىك ئۇچۇقىنىڭ سۈمۈرۈلگەنلىكى كۆرۈلگەن، ئۇدا نەچچە كۈن بەدەن تېمپېراتۇرىسى نورمال بولغان، ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش مەنپىي چىققان، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى نورمال چىققان. ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆزىتىپ باھالىشى ئارقىلىق، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 5 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كېسەللىك مىسالىنى ئايرىۋېتىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە يېتىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)